# تەجەللى — مۇجەللى

تۈزگۈچى: ئابلەھكىم مەخسۇم ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمەت ھاجى

# تەجەللى - مۇجەللى

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 1/32 كەسلەم، 2.75 باسما تاۋاق
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 9 - ئاي، 1 - بېسىلىشى
سانى: 15،000 — 1
كىتاب نومۇرى: 10264—45
باھاسى: 0.22 يۈەن

www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# نەشرىياتتىن

«تەجەللى - مۇجەللى» — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر ھۇسەينخان — تەجەللى - مۇجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى ۋە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

كىتاپنى تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتى، دىنىي ئالىم ئابدۇجەلىل داموللا ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابلىھەكىم مەخسۇم ھاجى - ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن تەجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتىگە ئائىت ماتىرىياللار ئىچىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ تۈزۈپ چىققان.

كىتاپتا — سەمىمىلىك، راستچىللىق، چىن دوستلۇق، ھەققانىيەت، ساپ ۋىژدان، ساداقەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنىدۇ؛ شۇنداقلا، ئاچكۆزلۈك، مەككارلىق، قارانىيەت - سۈيقەست، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ، ئۆتكۈر تەنقىتلىنىدۇ.

كىتاپنى دەۋر ئىستىۋارى بىلەن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي دىگىلى بولمايدۇ. كەڭ كىتاپخانلارنىڭ بۇ كىتاپتىن كلاسسىك ئەسەرلەرگە تۇتىدىغان شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ئۆتكەنكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## نەشرىياتتىن

«تەجەللى - مۇجەللى» — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر ھۇسەينخان — تەجەللى - مۇجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى ۋە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

كىتاپنى تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتى، دىنىي ئالىم ئابدۇجەلىل داموللا ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابلىھەكىم مەخسۇم ھاجى - ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن تەجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ تۈزۈپ چىققان.

كىتاپتا — سەممىمىلىك، راستچىللىق، چىن دوستلۇق، ھەققانىيەت، ساپ ۋىژدان، ساداقەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنىدۇ؛ شۇنداقلا، ئاچكۆزلۈك، مەككارلىق، قارانىيەت - سۇيقەست، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ، ئۆتكۈر تەنقىتلىنىدۇ.

كىتاپنى دەۋر ئىنتىۋارى بىلەن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كەڭ كىتاپخانلارنىڭ بۇ كىتاپتىن كلاسسىك ئەسەرلەرگە تۇتىدىغان شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ئۆتكەنكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە پايدىلىنىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە فوليارمىلار ئامبىرى

## ئۆزگۈچىدىن

ئۇيغۇر ئالىمى، شائىرى ھۇسەيىنخان — تەجەللى مۇجەللى ھاياتىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى قاغىلىقى، يەكەن، گۇما ناھىيىلىرىدە ئۆتكەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتجەھەتتە روشەن ئالاھىدىلىككە، دېموكراتىك روھقا ئىگە ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سەركەردە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئەرەپ، فارس ئەدەبىياتىدىمۇ ئالى ماھارەت ئىگىسىدۇر.

ئۇنىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەلا سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇمىلىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، شۇنىڭدەك ئالىم ئەدىپلەردىن ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللا ھاجىم، ئۆزبەك زىرىپ قارى ھاجىم، تەشقەرلىق ئابدۇكېرىم زىيائى، پوسكاملىق ئىسرايىل داموللام، يەكەنلىك سالىھ داموللام، گۇمىلىق ئىسمايىل ھاجىم، قاغىلىقتىن مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، شائىرلاردىن فۇرقەت قاتارلىقلار ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.

ئۇ، ئۆز تىببىي ماھارىتى بىلەن يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش خەۋپلىك كېسەللەرنىمۇ ساقايتىپ، كوپ ئورۇنەكلەر ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى داۋالىغان: دورىگەرلىكتە-



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مۇ تەرياق، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى ئازاراقى قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ياساپ نەتىجە قازانغان. شاگىرت تەربىيىلەپ، ۋارىس قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا چوڭ تۆھپە قوشماقتا. مەسىلەن: خوتەن مىللىي شىپاخانىسىدىكى مۇتەخەسسىس، پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەن تېۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندىم، گۇمىدىن ئىبراھىم ھاجىم، مامۇت ھاجىم، قەشقەردىن مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئۇنىڭ تىببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان داڭلىق تېۋىپلاردۇر.

دىمەك، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلىم-پەن مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا لايىق ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئالىم، ماھىر تېۋىپ، شائىر ھەم قەدىرلىك خەلقپەرۋەر تېۋىپتۇر، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ قىممەت باھا گۆھەرگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇش — ھۆررىيەتپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ، زىيالىيلىرىمىزنىڭ تەشنالىق بىلەن ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن ئۇلۇغ ئارزۇسىدۇر.

مەن بۇ توپلامنى تۈزۈشتە، مۇئەللىپنىڭ ئاتام ئابدۇجېلىل دامۇللا ھاجىم ۋە باشقا زاماندىشلىرى تەرىپىدىن توپلىنىپ ساقلانغان ھەم ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بىر نەچچە پارچە قولىيازمىسى، شەخسەن ئۆزەم خەۋەر تاپقان باشقا ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلاندىم. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر مەلۇماتلارنى شائىرنىڭ «توھپەتۇل بەررەيىن»، «دىۋان ئەرەبى» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىم ئاساسىدا رەتلەپ چىقتىم.

بۇ ـــ شائىرنىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە ئائىت پەقەت دەسلاپكى
ئىزلىنىش. ئەگەر شائىر قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراس-
لارنى بىر دېڭىزغا ئوخشاتساق، بۇ ـــ ئەشۇ دېڭىزنىڭ بىر
تامچىسىدىلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ قىممەتلىك ھاياتى
ول ئەدەبىي پائالىيىتى ھەققىدە داۋاملىق چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىزلە-
نىش، ۋە ئەسەرلىرىنى كەڭ خەلقىمىز بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈ
شىدىمەن.

ئىستىدات جەھەتتە ناقىسلىقىم تۈپەيلى، توپلام
ەزى نۇقسانلاردىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. كىتاپخانلارنىڭ
قىدىن ياردەم قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

مۇئەللىپ ھەققىدە ............ 1
شائىر مۇناسىۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ...... 6
ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ............ 6
ئابدۇكېرىم زىيائى ....... 7
مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ............ 8
ئابدۇقادىر داموللام ............ 8
مەھمۇت ئاخۇن داموللام ............ 9
ئابدۇرىشت قازى ئاخۇنۇم ............ 10
مەۋلانا مۇھەممەت يولداش ............ 10
شەمسىدىن داموللام ............ 10
تەجەللىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى ............ 12
شائىرنىڭ ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا قەشقەردە ئىرقۇۋات-
قان چېغىدا ئەۋەتكەن شېئىرلىرى ............ 15
قوشۇمچە: ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ شائىر ھەققىدە
يازغان مەدھىيىلىرىدىن نەمۇنە ............ 26
شائىرنىڭ ئابدۇكېرىم زىيائىغا يازغان شېئىرلىرى ...... 28
شائىرنىڭ مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى ... 30
...معلى-٣٢
شائىرنىڭ ئابدۇقادىر داموللامغا يازغان مەدھىيە-
قەسىدىلىرى ............ 42

1

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شائىرنىڭ مەخدۇت ئاخۇن داموللامغا يازغان شېئىرلىرى ...... 43
شائىرنىڭ ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى ...... 45
شائىرنىڭ مەۋلانا مۇھەممەت يولداشقا يازغان قەسىدىسى ...... 48
شائىرنىڭ شەمسىدىن داموللامغا يازغان قەسىدىسى ...... 55
قوشۇمچە: شەمسىدىن داموللامنىڭ شائىرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىش
لاپ يازغان مەرسىيەسى ...... 56
شائىرنىڭ بىر قىسىم ھەجۋى شېئىرلىرى ...... 60

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇئەللىپ ھەققىدە

ئۇيغۇر ئالىمى، شائىرى ھۆسەيىخان — تەجەللى-مۇجەللى ھەزرەتلىرى — مىلادى 1848- يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1264- يىلى) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئاياغ كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىمى، ماھىر تىۋىپ قۇتپىدىن شاھھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىنىڭ 1927- يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1345- يىلى) رامىزان ئېيىدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كاسكا يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ھەرەمگە بارغان. ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھرىگە كەلگەن ۋە «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى»دا، ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ «كابول دارىلفۇنۇنى»دا ئوقۇپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەھسىل قىلغان.

شائىرنىڭ ئەقلىي، ئىلمىي، ئەدەبىي كامالىتى چەكسىز بولغانلىقتىن، ئۆز دەۋرىدىكى ئالىم، ئەدىبلەر ئۇنىڭغا «تەجەللى-مۇجەللى(1)» دېگەن تەخەللۇسنى قويۇشقان.

شائىر ئىسلام دىنى ئىلمىنىڭ بارلىق تارماقلىرىدا، دۇنياۋى

(1) تەجەللى - مۇجەللى — ئەرەپچە سۆز بولۇپ، تەجەللى — چاقناپ تۇرغان نۇر، مۇجەللى — مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى، دېگەن بولىدۇ.



ئەۋلاد تورىبېتى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

ھىم پەنلەردىن تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، خىمىيە، تىببى، ھېساپ قاتارلىقلاردا ئىنساننى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئالىي ماھارەتكە ئىگە ئىدى.

شائىر ھەج قىلىش ۋە ئىلىم ئېلىش ۋەزىپىلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمرالىغىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. قايتىش سەپىرىدە بەختكە قارشى ئانىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق بىساتلىرى دەريادا غەرق بولىدۇ. نەتىجىدە شائىر قاتتىق - قات مۇسىبەت، يول ئازاۋى ئاستىدا غەم - قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، ئالدى بىلەن يەكەنگە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت بولۇپ، بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋر ئىدى.

شائىر يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ ھەر بىر پەنلەردىكى ئىلمىي ماھارىتى، قابىلىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يۇقۇرىلىقى — ئۆلىمالار، زىيالىلار ۋە ئاممىغا مەلۇم بولغان. شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى يەكەن ۋالىيسى (نائىبىل ۋىلات، جامائەدار دادخاھ) شائىرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت، كامالەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتىسى بىلەن بىرگە ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىم - مەرىپەت بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆپلەپ ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ.

شائىر كېيىن قەشقەرگە بارىدۇ ۋە ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆپ ھۆرمەت ۋە ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شائىرنىڭ شۇ ۋاقىتتا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار، زىيالىلار ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلىدۇ؛ شۇنداقلا، ئۆزىنى زىيارەت قىلغان ئالىملار ۋە ئەدىبلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ داستان تىللاردا بايانلىرى ئەدەبىي، پەننى، دىنىي،
قىلمان ئەدەبىي، ئىلمىي، شائىرلىق ۋە يۈرىيدۇ كۆچۈپ ئېغىزغا - ئېغىزدىن
بىي قابىلىيىتىنىڭ چەكسىز، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ يۇقۇرىلىقىنى
نامايەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇخىل ئالىجاناپ خىسلىتى ھەر تەبىقە
زاتلارنى، ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ،
يەكەندە ئەڭ چوڭ بىلىم يۇرتى — «يېشىل مەدرىسە»گە مۇدەررىس
بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت
دەرياسىدىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، شېئىرىيەت گۈلشەنلىرىدىن بەھ-
رىمەن بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇنداق ئوڭۇشلۇق شارائىت ئالىمغا ئىنتايىن
ئاز ۋاقىت خوشاللىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ
ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا مۇنداق چوڭ
ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئازساندىكى مۇتەئەسسىپلەر، خۇراپىي
بىدئەتچىلەرنىڭ ① يۈرەكلىرىگە ھەسەت ئوتى تۇتاشتۇرىدۇ.
نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئەزتىراپ ۋە بىئاراملىق بىلەن كۆيۈپ،
ئاخىرى ئالىمغا ئىنتايىن رەزىل ۋاستىلار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش
كويىغا چۈشىدۇ، تۆھمەت، ئەپسانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ،
شائىرنىڭ ئىناۋەت - ھۆرمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئالىم-
نىڭ ئالدىدا يۈزمۇ - يۈز ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئۇنىڭ نازۇك
قەلبىنى ئازار - كۆلپەت خەنجىرى بىلەن جاراھەت قىلىدۇ.

مۇشۇنداق بىلىمسىز، ھەسەتخور نادانلارنىڭ غەيۋەت -
شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان نازۇك تەبىئەت، يۈكسەك
غەيرەتلىك ئالىم خېلى ئۇزۇن مۇددەت يەكەن شەھرىدە دەرت -
ئەلەملەر بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، قەلەم

① بىدئەت — يامان ئىش قىلغۇچىلار دېگەن سۆز.



ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شېئىرىنى ئۇشقا سېلىپ، ئەرەپ، پارس، تۈرك تىللىرىدا قەسىدە، شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەيىپ - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ قەسىدە، شېئىرلار شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى»، «دىۋان ئەرەبى»، «تۇھبەتۇل بەررەيىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

شۇ ۋاقىتتا يېقىن بۇرادىرى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ جان - دىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم مۇددەت خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

بىراق، مەرىپەت ئەھلىگە ھەسەت قىلىش ۋە دۈشمەنلىك زەھىرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ دۈشمەنلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، شائىرغا تۈرلۈك ئازار - كۈلپەتلەرنى يەتكۈزىدۇ. ھەتتا شۇ ۋاقىتنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەت باشلىقلىرىغا چېقىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەكلىۋى بىلەن يەكەننى تاشلاپ قاغىلىققا يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

ئالىمى مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قاغىلىقتىكى بارلىق خەلقلەر ئەلەم ياكى قازىلىق، مۇدەررىسلىك ياكى خەتىپلىككە ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما، شائىر ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالىنغان بۇ ئىشلاردىن بىردە ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەرىپەتپەرۋەر، مۆتىۋەر زات نىزامىدىن ھاجىم دېگەن كىشى شائىرغا ئىخلاس قىلغانلىقتىن بىر يۇرۇش باغلىق ئۆي - ھوپلىسىنى بېرىدۇ. شائىر ئائىلىسى بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق شۇ يەردە تۇرىدۇ. كېيىن بورا يېزىسىدا بولىدۇ. ئاندىن گۇمىدىكى بۇرادىرى ئابدۇللا مۇپتى-

ھاجىم، ئىسمايىل ھاجىملارنىڭ تەكلىۋى بىلەن گۇمىنىڭ كىملىيەڭ
يېزىسىغا كوچۈپ بېرىپ، ھاۋالىق جاي — كوھتام دەريا بويىغا
ئورۇنلىشىدۇ ۋە بۇ يەردە ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن
7 يىلدەك تۇرۇپ تىۋىپلىق قىلىدۇ. ئاخىردا يەنە قاغىلىقتىكى ئۇلۇما-
لار، يۇرت موتىۋەرلىرىنىڭ قاغىلىقنىڭ بازارغا يېقىنراق كاسىدا
يېزىسىغا شائىر ئۈچۈن تەييارلىغان باغلىق ھويلىغا مەرھەمەت
قىلىپ كېلىپ، ئۆمرىنى شۇجايدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

* * *

شائىر ئوتتۇرا بويلۇق، چاچ - ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخان-
لىرى چىڭ، قاڭشالىرى ئىنچىكە - چىرايلىق ۋە تۈز، بۇغداي
ئۆڭلۈك، گۈلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق چىرايىدىن مېھرى -
مۇھەببەت، ئاشىقلىق جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى
يېغىپ تۇرىدىغان جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇ-
لاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇجۇ-
دى ئورۇقراق ئىدى.

ئەۋلاد گۈزىپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

ھاجىم، ئىسمايىل ھاجىلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن گۇمىنىڭ كىملىيەك يېزىسىغا كوچۈپ بېرىپ، ھاۋالىق جاي — كوھىتام دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە بۇ يەردە ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىللە تۇرۇپ تەۋپىلىق قىلىدۇ. ئاخىرىدا يەنە قاغىلىقتىكى ئولۇمالار، يۇرت موتىۋەرلىرىنىڭ قاغىلىقنىڭ بازارغا يېقىنراق كاسكا يېزىسىغا شائىر ئۈچۈن تەييارلىغان باغلىق ھويلىغا مەرھەمەت قىلىپ كېلىپ، ئۆمرىنى شۇجايدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

*　*　*

شائىر ئوتتۇرا بويلۇق، چاچ - ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ، قاڭشالىرى ئىنچىكە - چىرايلىق ۋە تۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۈلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق چىرايىدىن مېھرى - مۇھەببەت، ئاشىقلىق جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شائىر مۇناسىۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

## ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم

ھىجرىيىنىڭ 1313 - يىلى (مىلادى 1896 - يىلى) خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە دىنى ئالىم ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 16 يېشىغىچە گۇمىدىكى ئۇلۇمالاردا دىن ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرىنى ئوقۇغان. شۇ چاغدا تەجەللى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەلۇم ۋاقىت مېھمان سۈپىتىدە تۇرۇش جەريانىدا، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنى شاگىرت قىلىپ تەربىيىلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان. ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ۋە ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىملار بۇ ياخشى نىيەتكە رەھمەت ئېيتىپ، خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم تەجەللىنىڭ خىزمىتى ۋە تەربىيىسىدە بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، تېز سۈرئەتتە ئالى ئىستىدات — قابىلىيەتكە ئىگە بولغان؛ كېيىن ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە - مەشھۇر ئابدۇقادىر داموللام ھوزۇرىغا ئېۋەتكەن- بۇرادىرى ئابدۇقادىر داموللام ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. نەتىجىدە ئۇ ئالى مەلۇمات

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، دامولla بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 1338 - يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپكە سازاۋەر بولغان.

ئابدۇجېلىل دامولla ھاجىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ گۇمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچى — تالىپلارغا ئىلىم ئۆگەتكەن ۋە كىشىلەرنى تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشقا سەۋەپ بولىدىغان خۇراپاتلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ، 1934 - يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا بارغان ۋە 1934 - يىلى ھەج قىلىش سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا، باندىت شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىگۇناھ قولغا ئېلىنىپ، 41 يېشىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئابدۇكېرىم زىيائى

شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى. ئۇ، ھىجرىيىنىڭ 1316 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، تونۇلغان ئەدىپ، شائىر ئىدى. بۇ ئىككى زات ھايات ۋاقىتلىرىدا ئۆزئارا كۆپلەپ مۇشائىرە ۋە خەتلەر يېزىشقان. ئابدۇكېرىم زىيائىنىڭ شائىرغا پارىس تىلىدا يازغان بىر پارچە پاساھەتلىك ئەدىبىي خېتى ھازىرمۇ قولىمىزدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

زىيائىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن تەجەللىمۇ بىر پارچە مەرسىيە يازغان. ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن ئەبجەد ھىساۋى بىلەن شائىرنىڭ ۋاپات بولغان يىلى (1316 - ھىجرىيە يىلى) چىقىدۇ. بۇ شائىرنىڭ «سەبەقى مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم

ھىجرىيىنىڭ 1322 - يىلى قاغىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ دىنىي ئالىم بولسا، شائىرنىڭ ئەڭ قەدىردان، ۋاپادار بۇرادىرى بولۇپ، پارس، ئەرەپ تىللىرىغا ماھىر، تەقۋادار، ئىنساپەرۋەر، ئالىجاناپ كىشى ئىدى. ئۇ، ۋاپاتىغىچىلىك ئۆمرىنى كىشىلەرگە بىلىم ئۆگەتكەن ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زۇلمەت، مۇتەئەسسىپلىك، جاھىللىق، نادانلىق، چىرىك ئەخلاقلارغا قارشى كۆپ تەربىيە ھەم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، جۈملىدىن تەجەللىدەك مۇتەپەككۇر زاتلارنى ھەسەتخور پىتنە - پاساتچىلاردىن قوغداپ، سايىۋەن بولغان. شائىر بۇ ئالىم ھەققىدە بىرقانچە مەدھىيە - قەسىدىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان ۋە شائىرنىڭ «دىۋان ئەرەبى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن پاساھەتلىك بىر قەسىدىسىمۇ بار.

## ئابدۇقادىر داموللام

بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام — «غازى» ئاتۇشتىن بولۇپ، جاھانگىرلار ئاگېنتلىرىنىڭ پىلانلىشى ۋە ۋىجدانسىز ساتقىن بايلار، مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھاياتىغا يوشۇرۇن سۇيىقەستلىك ھەركەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ 1342 - يىلى (مىلادىنىڭ 1923 - يىلى) پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئالىم ئۆز ھاياتىدا مىللەتنى ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتۇش، زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش، خەلقنى جاھالەت، پالاكەت، نادانلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇشنى كەسىپ قىلىۋالغان ئاچكۆز مۇشتۇمزورلارغا، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى خۇراپات تۈتەك پەردىلىرى بىلەن بۇلغاۋاتقان مۇتەئەسسىپ بىدئەتچىلەرگە قارشى ھارماي - تالماي ئىلمىي كۈرەش ئېلىپ بارغان. قەشقەردە دىنىي ئىلىم ۋە تۈرلۈك پەنلەردە دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن زىيالىلارنى يېتىشتۈرگەن، چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭدا خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئارقىلىق سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىش سۈيقەستىگە قارشى تۇرغان.

مەرھۇم — ھاياتىدا «ئاقائىد زورۇرىيە»، «ئىبادات ئىسلامىيە»، «مىفتائۇل ئەدەپ»، «جەۋاھىرۇل ئىتقان»، «تۈركى تەجۋىد»، «بىدايە تۇسسەرپ»، «قەۋائىدى نەھۋىيە»، «نەسىھەتى ئام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

مەرھۇم — شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى بولۇپ، شائىرنى بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن ۋە نۇرغۇن شېئىرلىرىنى «مىفتائۇل ئەدەپ» ناملىق كىتاۋىغا كىرگۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان.

شائىرمۇ ئابدۇقادىر داموللا توغرىسىدا بىرنەچچە پارچە مەدھىيە - قەسىدىلەرنى يازغان. بۇ قەسىدىلەر شائىرنىڭ «دىۋان ئەرەبى» ناملىق كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن.

## مەخمۇت ئاخۇن داموللام

ئاتۇشلۇق بولۇپ، مىلادى 1934 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇ قەشقەر، بۇخارالاردا ئەرەپ تىلى گىراما-

تېكىسى، تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، ئىسلام دىنى، ئاستىرونومىيە، تېببىيەت، ھېساپ قاتارلىقلار بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەممە ماھارەتلىك ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. قەشقەردە 30 يىلدىن كۆپرەك مۇدەررىس بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا، سانسىز تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، دىلىنى يورۇتقان.

مەھمۇت ئاخۇن داموللام تەجەللىنىڭ يېقىن بۇرادىرى ئىدى. شۇڭا، شائىر ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇھەببەت ھەم مەدھىيە شېئىرلىرىنى يازغان.

## ئابدۇرەشىت قازى ئاخۇنۇم

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشىغان ئەدىپ بولۇپ، شائىر بىلەن ئەڭ قىزغىن مۇھەببەت ۋە بۇرادەرچىلىكتە ئۆتكەن. شائىر ئابدۇرەشىت قازى ئاخۇنۇم ھەققىدىمۇ بىرنەچچە پارچە ئۇزۇن قەسىدىلەرنى يازغان، مۇھىمراقلىرى شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

## مەۋلانە مۇھەممەت يولداش

شائىر بىلەن بىر زاماندا ئۆتكەن پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، شائىرنىڭ بۇ زات ھەققىدە يازغان بىر ئۇزۇن قەسىدىسى بار.

## شەمسىددىن داموللام

تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن، قەدىرلىك بۇرادەرلىرىدىن بىرى 1874 - يىللىرى ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، ئۇ ميلادى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئەۋلادى گۈزىلىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

1933 - يىلى ۋاپات بولغان.

شەمسىددىن داموللام قەشقەر ۋە بۇخارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى ھەم ئالىملاردا ئوقۇپ، دىنىي، پەننىي ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىپ، دىن بىلەن پەننىڭ بارلىق ساھەلىرىدە — تىل - ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساپ قاتارلىقلاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە كامالەت تاپقان. بولۇپمۇ مىلادى 1905 - يىلىدىن تاكى ۋاپاتىغىچىلىك قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئىنتايىن چوڭ سەيى ۋە ئىجتىھات بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىپ، نۇرغۇن زىيالىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئۇ، ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مەسلەكداش، ۋەتەنپەرۋەر زىيالى بولۇپ، مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا قارشى، ھەققانىيەتچى، مۇتەپەككۇر زات ئىدى. ئۇ، تەجەللى بىلەن بەك يېقىن مۇناسىۋەت قىلغان، كوپ قېتىم ئۇچرىشىپ، شائىردىن مول مەلۇمات ئالغان. ئۇ، 1925 - يىللاردا تەجەللىنىڭ تەرجىمىھالىنى تۈركى تىل بىلەن يېزىپ چىققان، شۇنداقلا «ئىسلامىيەتتە ئەر خوتۇنچىلىق ھوقۇقى ۋە ئەدەپلىرى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. 1929 - يىلى ھەج سەپىرىدە ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سوھبەتلەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

شەمسىددىن داموللام بىلەن تەجەللى ئۆزئارا قەسىدىلەرمۇ يېزىشقان.

# ئەجەللىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى

## 1 - «بەرقى ئەجەللى» («ئەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان يالقۇن»)

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان 2 قەسىدە، پارس تىلى بىلەن يېزىلغان بىرنەچچە قەسىدە بار. بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىلمىي، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بايان قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە مەدھىيە ئاساس قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە ئىمان، تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى شەرھلەنگەن؛ بەزىلىرى مەرسىيە تېمىسىدا يېزىلغان؛ بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ بەزىلىرىدە زامان مۇتەئەسسىپلىرى ھەجۋى قىلىنغان. بۇ قەسىدىلەر پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى كامىللىقى، مەزمۇن ۋە مەقسەتلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن شۆھرەتلىكتۇر. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئاتۇشلۇق ھۈسەين باي ھاجىم ۋە باھاۋىدىن بايلار تەرىپىدىن قەشقەردە تاش مەتبەدە نەشر قىلىنغان.

## 2- «سەبقى مۇجەللى» (ئەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى)

شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىدە ياشلىق دەۋرىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يازغان بىرنەچچە پارچە مەدھىيە، قەسىدىلەر؛

ئەۋلاد كۈزۈنىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە فوليازمىلار ئامبىرى

بۇرادەرلىرىگە ئاتاپ يازغان قەسىدىلەر؛ ھەر بىر مىسراسىدىن ئەبجەد ھېساۋى ئارقىلىق ۋەقەلىكنىڭ يىلىنى بىلگىلى بولىدىغان مەرسىيە نامىلار بار. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ «بەرقى تەجەللى» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىر چاغدا نەشر قىلىنغان.

### 3 - «دىۋان ئەرەبى» (ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى)

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ «بەرقى تەجەللى»، «سەبقى مۇجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئاخىرقىچىلىك ئەرەپ تىلىدا يازغان ئەڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك قەسىدە، رۇبائى، غەزەل، قىتئەلىرىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. بىرىنچى قىسمى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان مەدھىيە، قەسىدىلەرنى، ئىككىنچى قىسمى ھېكمەتلىك نەسىھەت نامىلار، ئالىم ۋە ئەدىبلەرگە ئاتاپ يېزىلغان مەدھىيىلەرنى، شۇنىڭدەك ھەجۋى — تەنقىدىي شېئىرلار، مەرسىيە نامىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىسىنى شائىر ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق، سەمىمى، قەدىردان شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا تاپشۇرغان. داموللام شائىرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شېئىرلارنى ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلەپ چىققان بولسىمۇ، نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن.

## 4- «توھپەتۇل بەررەيىن» («ئىككى ئۇچقۇن توھپە»)

بۇ — تۈركىيە پادىشاسى ئابدۇلھەمىت خانغا سوۋغا قىلىپ ئېيتىلگەن ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردىكى سۇلتان ئابدۇلھەمىت خاننى مەدھىيىلىگەن — ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان بىر قەسىدىدىن باشقا — قەسىدىلەرنىڭ ھەممىسى پارىس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىسى شائىرنىڭ تارىخى، تەرجىمىھالى؛ بەزىسى مۇتەئەسسىپ ھەسەتخورلارغا ھەجۋى؛ بەزىلىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە؛ بەزىلىرى بولسا زامانىنىڭ قولايسىزلىقىدىن شىكايەت قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5- «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» («قەسىدىلەر توپلىمى»)

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسىم قولىيازمىسى ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 6- «سەبدەر نامە» («قەھرىمانغا بېغىشلانغان»)

سەبدەر نامە — تۈرك، پارىس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يوقالغان.

---

(1) ئىككى قۇرۇقلۇق — تۈركىيىنىڭ بىر قىسمى ئاسىيا قىتئەسىگە، يەنە زور بىر قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.



www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد كۇتۇپخانىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

(«ئىشق - مۇھەببەتنىڭ
7 - «تىلسىمى ئىشق»
سىرلىق تىلسىماتى»)

بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ھېكمەتلىك غەزەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن.

## 8 - قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى

شائىر بۇ ئەسەرنى مىلادى 1910 - يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىددىن داموللام، ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋىددىن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يازغان. بۇ، ئۇيغۇرچە ئىنتايىن ياخشى تەپسىر بولۇپ، گەرچە ئۇ تاماملانمىغان بولسىمۇ، بىرنەچچە پارىسى شەمسىددىن داموللامدا ساقلانغان. شەمسىددىن داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقىتىپ قويغان.

بۇلاردىن باشقا، شائىرنىڭ يەنە بىر نەچچە پارچە قىسقا شېئىر ۋە بۇرادەرلىرىگە تەقدىم قىلغان خەتلىرى بار، بۇلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

## شائىرنىڭ ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەۋەتكەن شېئىرلىرى

ئى بادىسە ھەر بەر خىيز
مىشكىن دەمۇ ۋە ئەترۇ ئامىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زەۋقو ئاۋەرۇ شەۋقۇ ئەنگىز
بەززەن بەكسەمەرەد دامەن

(ئەي، سەھەر شامىلى — ئورنىڭدىن تۇر، نەپسىڭگە ئىپار ۋە ئەتىرلەرنى ئارىلاشتۇر. زەۋقىڭنى كەلتۇر، شەۋقىڭنى قوزغا، بىلىڭگە سەپەر كەمىرىنى باغلىغىن!)

دەررەھ قەددەم ئەزسەركۇن
ۋەز خاتىرى مەن پەركۇن
رۇخ جانىبى كەشغەر كۇن
بەر توھغە سالام ئەزمەن

(يولۇڭدا بېشىڭنى پۇت قىلىپ ماڭ، مېنىڭ خاتىرەمنى ئۆزەڭگە قانات قىلدۇۋال. يۈزۈڭنى قەشقەر تەرەپكە قىل، مەن تەرەپتىن سالام سوۋغىسىنى ئېلىپ بار.)

بەر ھەمدەمى فەرروخ زاد
ئان ئەبددجەلىلى راد
كەز يادى ۋەيەم دىل شاد
جان مېھرودا مەسكەن

(دۇنياغا تۇغۇلۇشى مۇبارەك بولغان ساخاۋەتلىك ھەمنەپەس بۇرادىرىم ئابدۇجېلىلغا سالام يەتكۈز. ئۇنى ياد ئەتمەك بىلەن دىلىم شاتلىنىدۇ. جېنىم ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ تۇرار جايىدۇر.)

ئان چەرخى سەداقەترا
دەريايى لەياقەترا
گۇلھايى تەلا قەترا
نەجمۇ گۇھەرو گۇلشەن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

(ئۇ بولسا، ساداقەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى، لاياقەت دەر-
...ىنىڭ گوھىرى، راۋان سوزلۇك، گۈللەرنىڭ ئۇلشىنىدۇر.)

ئەخلاقى خۇشەش چۈنى گۈل
ۋەنخاس بىھ ئەز سۇنبۇل
ئۇ بەزلە سەرا بۇلبۇل
ۋەتران زى بەكەم سەۋسەن

(ئۇنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەپەسلىرى سۇمبۇلدىنمۇ خۇشبوي، ئۇ سوزمەنلىكتە غەزەل سايرايدىغان بۇلبۇل، ئۇنىڭ سوزمەنلىگى ئالدىدا ھەمتەگلىرى گاچا سەۋسەنگە ئوخشاش.)

تەبئو قەلەمەش يەكسەر
ئەز نۇكتە شىگىفت ئاۋەر
ھەر نۇكتەئى ئەۋ گەۋھەر
ھەر نامەئى ئۇ مەخزەن

(ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە قەلىمى ئىنسانىنى ئەجەپلەندۇرەلىدىك قازۇك لەتىپلەرنى كەلتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇنىڭ كەلتۇرگەن ھەربىر لەتىپىسى بىر گوھەر، ئۇنىڭ يازغان ھەربىر مەكتۇبى بىر غەزنە مەسەللىكتۇر.)

چۈن نامەئى ۋەي خوانەم
يەك شىشەئى مەي دانەم
ۋەز قەرتى تەرەب جانەم
رەقسەد چۇشەرەر دەرتەن

(ئۇنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇسام، بىر شىشە مەي دەپ
ئۇنى ئوقۇغاندا، بەك خوش بولغىنىمدىن چېنىم تېنىم ئىچىگە
پاتقۇنغا ئوخشاش ئۇسۇل ئويناپ كېتىدۇ.)

فەرخۇندە نىھا دەستى
شايان ۋىدا دەستى
ماراتۇ مورا دەستى
گۇكىر شەۋەد دۇشمەن

(مۇبارەك ۋۇجۇد كىشىسەن، دوستلۇققا لايىق يۈرەك ئىگىسى-
سەن، مۇرات - مەقسىدىمسەن، دوستلۇقىمىزغا چىدىماس دۇش-
مەنلەر كور بولسۇن.)

ئەي دىل بەرۇخەت شەيدا
ھەمتايى تۇنا پەيدا
ئەز شەۋقۇ تۇ دەر بەيدا
دارەم دىلى جەۋلانى زەن

(ئەي دىلىم، سېنىڭ يۈزۈڭگە ئاشىق بولغان ۋە سەن
بىلەن باراۋەر بولغۇچى بىر ئالىي پەزىلەتلىك كىشى بولغان
دوستۇم! يۈرىكىم داۋاملىق سېنىڭ ئىشتىياقىڭ بىلەن قانىتىدا
جەۋلان قىلىدىغان دوستۇم.)

ئەزمەن نەشەۋى غافىل
دورى نەگەرەم قاتىل
ۋەز تىرى ھاۋايەت دىل
گەردىدە چوپەرۇيزەن

(مەندىن غەپلەتتە بولمىغايسەن. سېنىڭ خېتىڭ كەلمەي-

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئۇزۇن قاراپ قالغىنىم — مېنى ئۇلتۇرگەن بىلەن باراۋەر. سىنىڭ شەۋقىڭنىڭ ئوقلىرىدىن يۈرىكىم غەاۋىرگە ئوخشاش تۇشۇك بولماقتا.)

مىۋ روز ئىنا پەتها
بىفردست هىكايەتما
بىنۋدش شىكايەتها
ئى هەر رەۋى شەت ئەخسەن

(مەرھەمەت ۋە غەمخورلۇقنى ئۈگەنگەيسەن، ئەھۋاللىرىڭ ۋە ھېكايىلىرىڭنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەيسەن. شىكايەت قىلغۇدەك ئىشلار بولغان بولسا، ئۇنى ھەم يازغايسەن، ئەي بارلىق ئەخلاقىڭ گۈزەل دوستۇم!)

گەر نەزىم بۇۋەد دىلكەش
با نەسىر گۈلىستان ۋەش
خودو ھەرچەكۈنەد دىلخەۋش
چۈن بۇيى گۈلۇ لادەن

(ئەگەر دىللارنى جەلب ئېتىدىغان شېئىرلارنى «گۈلىستان» دىگەن كىتاپىنىڭ ئۇسلۇبىدەك چاچما سۆزلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يازساڭ، بۇ دىلىمىنى بەكمۇ خوش قىلىدۇ — قىزىل گۈل بىلەن لادەن گۈلىنىڭ بويى بىرلەشكەندەك.)

ئان نادىرە ھادەر بەزم
ۋان ۋاقىئەھا ئەز رەزم
ئەز ئەھلى نەشاتو ئەزم
باشەد ھەممە مۇستەھسەن.

(بەزملەردە ئوتنۇلگەن ناياپ ئەھۋاللارنى، ئىرادىلىك زاتلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشلىرى يازساڭ، بۇنى بەكمۇ ياخشى كورىمەن.)

ئەز ھەممەتى غازي شۇر
ۋەز تەبئى شوئائي نۇر
ۋەز شەمئى فوروغي ھۇر
خاتىر كۈنەدەم رەۋشەن

(غازى ① تەخەللۇسلۇق ئالىمنىڭ غەيرىتىدىن چىققان غەۋغالارنى، شۇ ئائىنىڭ ② تەبئىتىدىن چاقنىغان نۇرلارنى، فوروغىنىڭ ③ چىراغىدىن يالتىرىغان يورۇقلۇقلارنى يازساڭ، خاتىرەمنى بەكمۇ خوش قىلاتتى.)

ۋەز يارى زەرقى ما
خۇررەم دىل ۋەروخ ئەفزا
جان تازە كونەد ھەققا
كىئىمجازى مەسىھەش فەن.

(ۋە يانا زەرىپ ④ ئاتلىق بۇرادىرىم ئەھۋالىدىنمۇ يازغايسەن. ئۇ بولسا، خۇش كوڭۇل، ئۇنىڭ سوھبىتى جانلارغا قۇۋ-

---

① غازى --- ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى --- كۈرەش قىلغۇچى دىمەكتۇر.

② شۇئائى --- مەھمۇت ئاخۇن داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى «نۇرلۇق» دىمەكتۇر.

③ فوروغى --- شەمسىدىن داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى «گۈزەل، نۇرلۇق» دىمەكتۇر.

④ زەرىپ --- ئەقىللىق، زىرەك مەنىدە بولۇپ، زىرىپ قارى ھاجىنىڭ نامىدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد كۆزنىكى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

ۋەت بەرسە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە ئوخشاش تە-
سىرلىك سوزلىرى دىللارغا جان بېرىدۇ.)

بىغرىسىت بىلا تەمھىل
مەنزومە ئەز ئىسرافىل
غەم زادى ھەد ئو تەرھىل
چۇن باڭگى نەيۇ ئەرغەن

(ئىسرافىل (1) ناملىق بۇرادىرىمنىڭ ئەھۋالىدىن تەخىرسىز بىر
ياخشى تېزدىقلىق خەتنى ماڭا يوللىغايسەن. بۇنداق مەكتۇپ كوڭ-
لۇمدىن قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ — نەي ۋە ئورغون سازلىرىنىڭ
خوش ئاۋازىدەك.)

دىگەر بەھەمە ئەھباب
ئان جەمئى ئۇلۇل ئەلباب
ئەز بەندە بەسەر ئاداب
تەسلىم رەسان ئەزمەن

(يۇقۇرىدا نامى يېزىلغانلاردىن باشقا بارلىق بۇرادەرلىرىمگە،
ئەقىللىق ئالىملار جامائەسىگە مەن كەمتەر تەجەللىدىن ئەدەپ بىلەن بوزلەرچە سالام يەتكۈزگەيسەن.)

ئىشقەست تەجەللى چۇن
ئەز خىتتەئى خەت برون

---

(1) ئىسرافىل — ئىسرافىل داموللامنىڭ نامىدۇر. بۇ زاتمۇ شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى بولغان نامدار ئەدىپ، پەزىلەتلىك ئالىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

كۆن خەتەى سۇخەن ئەكىزۇن

ئەز دەستت قەلەم بىغگەن

(ئەي تەجەللى، سېنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىڭ خەتنىڭ سىزىقلىرىغا سىغدۇرۇلۇشتىن تاشقىرىدۇر. ئۇنداق بولىدىكەن مۇھەببەت، سالام سوزىنى ئەمدى تۈگەت، قولۇڭدىن قەلەمنى تاشلا.)

* * *

بىسمىل ۋە دودىل جەلىلى تەئالا ۋەتەقەددەس

(يانىشى بەندىلەرنى دوست تۇتقۇچى ئۇلۇغ، گۈزەل، ھەممىدىن ئالى، پاك، تەڭرىمىنىڭ نامى بىلەن تەۋەررۇك ئىزلىگەن ھالدا خېتىمنى باشلايمەن.)

ھەمدەن لەھو ئەلاما ئەۋلانامىن

ئىنايەتىس سابىقەتى ۋەجۇدىھىل مومادى

ھامىيە ئەھازىپىل مەۋاھىبى

ۋەشە ئابىبەل ئايادي

(ئاللا بىزلەرگە كامىل غەمخۇرلىغى ۋە چەكسىز سېخىيلىغى بىلەن نۇرغۇن ئېھسانلارنىڭ شىرىن سۇلىرىنى، سانسىز نىمەتلىرىنىڭ يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن، ئاڭا گۈزەل ماختاش ۋە شۈكۈرلەر يوللايمەن.)

ئەلا مابەررەدە جەۋا كەبىدىل ھەردى يى

ۋرەۋۋا ھەشايەس سادىي

بىھۇمۇئى مۇزنەتى لۇتفىن ئەنشەئەھا

مىن مەكارىمىل ھەبىبىل بىسمىل جادى.

ئەۋلاد گۈزۈنيىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

(خۇسۇسەن، ئۇچۇق چىراي، خۇشپۇراق دوستۇمنىڭ ئىسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ مېھرىۋانلىق بۇلۇتىنىڭ يامغۇر توكۇشى بىلەن ئاللا مېنىڭ قىزىق جىگىرىمنىڭ ئوتىنى سوۋۇتقانلىقى ۋە تەشنا يۈرىكىمنى سىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە شۈكرى - سانا يوللايمەن.)

ئەلا ئىننەھول ھاجىجو ئەبدۇل جەلىلى ساھىبۇ
مەقامىيل ئۈنسى مىن بەيتى فۇئادى

(ئاگاھ بولغىل، بۇ دوستۇم بولسا — مۇھەببىتى - يۈرىكىم ئۆيىدىن ئىختىساسلىق ئورۇنغا ئىگە بولغان ئابدۇ جېلىل ھاجىمدۇر.)

ئەدئۇلەھۇ ھوببەن ۋەئۇئىزۇھو بىللاھى
مىن كەيدىل ھوسسادى ۋەل ئەئادىي

(بۇ بۇرادىرىم ھەققىدە دۇئا قىلىمەن. ئاللادىن ئۇنى ھاسىدلار ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرىسىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيمەن.)

ۋەلەم يەزەل مۇرائىيە ئەھدىن
لىمۇ ھەببەتى ھەسبە مۇرادىي

(بۇ بۇرادىرىم ئارىمىزدىكى مۇھەببەت ۋەدىلىرىمىزگە تولۇق، كۆڭلۈمدىكى مەقسىدىمدىكىدەك رىئايە قىلىپ كەلمەكتە.)

ۋەكەيفەلا ۋەقەدكەساھو ئەيدىل فىترەتىل ئىلاھىيەتى
ھولەلەسسەجايان نەزىھەتى ۋەئىكلىلەل ئىززەس سەئادىي

(قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئاللانىڭ ياراتقۇچىلىق قۇدرىتى — ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پاك ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىنىڭ ئالىي كىيىملىرىنى، ئىززەت - سائادەتنىڭ تاجىنى كىيدۈرۈپ ياراتقاندۇر.)

فەمالەھۇفى سەدادىھى نىددۇۋ
ۋەلا يەلىدوھو ھودەييا مۇزادى

(راستچىللىق ھەم توغرىلىقتا ئاڭا باراۋەر كەلگۈچى يوق، بۇنداق پەزىلەتلىك كىشىنى ھېچبىر مۇسابىقچى ئانىمۇ تۇغمىغان.)

مائەقۋا ھوسىتىئدادەن لىلئولۇمى ۋەئەئلاھو
فەھەمەن كۇللۇ ئەدىيبىن ئىييا ھوبھەۋبائە فادىي

(بۇنىڭ ئىلىملەرگە بولغان ئىستىدات - قابىلىيىتى ئاجايىپ كۈچلۈك، پەم قۇۋۋىتى ئەجەپمۇ ئالى. ھەرقانداق ئەدىپ، ئالىملار ئۇنىڭغا جان - دىل بىلەن پىدا بولغۇچىدۇر.)

ۋەئۇنەبىيىيەى بىۋۇسولى تىرىسەى بەئد
تەتەللۇئىن قەدئەتالە سوئادىي

(مەن ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى، سېنىڭ مەكتۇبىڭنىڭ كېلىشىگە چەكسىز ئىنتىلىپ، بىئارام ۋە بىدار تۇردۇم. مانا بىر پارچە مەكتۇبىڭنىڭ ئىپارىسى سالامەت قولۇمغا تەگدى، ئەمدى خەۋىرىنى بېرىمەن.)

ئەلەمسا ئەزەرتو ئىلەيھى لەھەنەلەقەلەقى بىئتىنشادىي.
ۋەئەدىبۇلىلتو منھو بىكوھلىل جەۋاھىرى ۋەئەبەئلەييە روقادى.
(مەكتۇبىڭغا نەزەر سېلىشىم بىلەن تۇ، مېنىڭ تىلىمنى شېئىر

ئەۋلاد گۆرۈپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

كۆيلىمەك ئۈچۈن سايراتتى. خېتىمگىنى كۆزۈمگە «جاۋاھىر سۇر-
مىسى» ئورنىدا سۈرتتۇم ۋە مېنىڭ قاچقان ئۇيقۇلىرىمۇ جايىغا
قايتىپ كەلدى.)

ئەتانا ئۇرپەتەن سەللەت فوئادىي
ۋەنارەت مىن سەفادە تىھاد دوئادىي

(كۆڭلۈمنى خوش قىلىدىغان ئاجايىپ بەرخەت كېلىش بىلەنلا
يۈرىكىمگە تەسەللى بەردى، ئۇنىڭ تېزىقلىرى نۇرىدىن غەم-
قايغۇنىڭ قاراڭغۇلىرى يورۇپ كەتتى.)

ئەلائەيىۋھال ئەددىبۇل ۋەجھۇ ۋەججەھ
لىمەزرەئىي ئامالي ئەلەدداۋامى ۋەتتەمادي

(ئەي ئىناۋەتلىك ئەدىپ، ئالىم! ئارزۇلىرىمنىڭ تېرىلغۇلى-
رىنى ھوسۇلغا يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەبەدى يۈز كەلتۈرۈپ
تېرىشقايسەن.)

ۋەسانە كەللاھۇل كەرىيمۇ
ئەن شەررىل ھوسادى ۋەل ئەئادىي

(سېنى كەرەملىك ئاللا ھاسىدلار، دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقى-
دىن ساقلىغاي.)

كەتەبەھو ئەدۋەنوس سادەتىس سەيىيدۇ
ئەۋلادى ھوسەيىن خانۇتتە جەلىلىيۇلمۇ جەللىيۇد
دىھلەۋىيىول جەۋادىي

(بۇ مەكتۇپنى سەيىدلارنىڭ كەمتەررەگى دىسەيىد ئەۋلادى

# تەجەللىنىڭ تۈرى (خەلق ئىجرى ٥)

ھۈسەين خان، يازدى. بۇ كىشىنىڭ تەخەللۇسى «تەجەللى - مۇجەللى»، ئىلىم ئوقۇشى دېھلىغا مەنسۇپ. نەسەبى بولسا ئۇلۇغ شەيخى ئاتا - بوۋىلارغا مەنسۇپتۇر.

قوشۇمچە: ئابدۇجېلىل دامولla ھاجىمنىڭ شائىر ھەققىدە يازغان مەدھىيىلىرىدىن نەمۇنە

ئەفلاكى ئۇلۇم دەھ ئەۋل تەجەللى
مىزمارى شەرەندە ئەۋل مۇجەللى.

(ئىلىم - مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ يالقىراق نۇرى، شەرەپ مەيدانىنىڭ بىرىنچىلىكنى ئالغۇچى قەھرىمانى.)

ئەۋل بىرمىگۇ ئۇچىيۇزە مۇجەددىد
ئەۋل چەرخ مەئالىيە موھەددىد.

(ئۇ بولسا، ھىجرىيىنىڭ 1300 - يىللىرىدا ياشىغان. ئىسلام دىنىنى (ئىسلام ئىلىملىرىنى) يېڭىلىغۇچى ئۇلۇغ ئالىم، ئالىي مەرتىۋىلەرنىڭ ئاسمانلىرىنى ئەھاتە قىلغۇچى ئەڭ قەدىرلىك زاتتۇر.)

ئەۋل خاۋەرى ئىلمە مېھرى رەخشان
بۇرج ئەمەلەھو مەھى دۇرەخشان.

(ئۇ بولسا، ئىلىم - مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ يالقىرىغۇچى قۇ- ياشى، ئەمەلىيەت كانارىنىڭ نۇرلۇق ئايى ۋە يەنە —

ئەغەرروالىقودا بەدرۇددۇجا كەۋكەبول ھۇدا!
غىتەمونىنەدا جەممول جەداۋەلە ئاسىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئەۋلاد كۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

(پېشۋالارنىڭ نۇرلۇق چىراغى، زالالەت قاراڭغۇسىنىڭ تولۇن ئايى، ھىدايەتنىڭ يۇلتۇزى، ئىنساننىڭ چوڭ دەرياسى، ئۇنىڭ كىشىلەر- گە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈشى، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان خۇ- سۇسىيەتلىرى ئىنتايىن كۆپ.)

سەللەللاھۇ رەسۇلۇللاھى خاتەمۇ رۇسۇلىھى
لىئىنتىلائى ئەئىيلامىل ھۇدا خەيرۇ ناسىرى.

(ئۇ، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەۋرىسى ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ئىدى. ھىدايەت بايراقلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەم بەرگۈچى ئىدى.)

ۋەلا ئەيبەئىن يۇنكىرھو بەئزو ئەكالىبىل
مەزابىھى ئەن نابىل ئىنادىل كەۋاشىرى

(گوداڭدا قان ئىچىشكە كونۇپ قالغان ئىتقا ئوخشاش بەزى دۈشمەنلەر شائىرغا قارشىلىق بىلەن مەگەنلىرىنى ھىڭگايتىشىپ، ئىنكار قىلسا — ھېچ زىيىنى يوق.)

فەھەل يەئرىفول خەففاشۇ قەدرە غەزالەتىن
ۋەھەل يەئرىفول كەننائسۇ قەدرەل جەۋاھىرى.

(شەپەرەڭ قۇياشنىڭ قەدرىنى بىلمەي ئاڭا قارشى تۇرىدۇ، ھەمىشە سېسىق نىجاسەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشى گۆھەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.)

ئەفۇۋىن ئەنلجانىز زەيفى تەكەررومەن
فەئەكرىم بەھى مىن ساھىبىل ئەفۋى قادىرى.

(ئۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئاجىزلاردىن ئۆ... قىلىشقا
قادىر تۇرۇپ، كەڭچىلىك بىلەن كەچۈرگۈچىدۇر.)

ئىزاما ئەتا ۋەقتول ھەسادى لەقىتە ھوم
ئەلائۇممى جەھشىن ھەۋنەكۇللى بەيادىرى.

(ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغۇچى مۇتەئەسسىپلەر — شۇنداق
دەزىل ئەبلەخلەركى، ئۇما ۋاقتى يېتىپ كەلسە، ھەر بىرى
بىردىن مىدە ئىشەككە مىنىشىپ، خامانىمۇ - خامان چوكىلەپ
قىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىشىدۇ.)

شائىرنىڭ ئابدۇكېرىم زىيائىغا يازغان شېئىرلىرى

لەلقەلبو ئەئلەمەھۇل قەلبەللەزى كانا
ۋەلھەۋلەقاتو ئەرا رەجلا ۋە روكبانا
(بۇگۈن يۈرىگىمنى مۇندىن ئىلگىرىكى يۈرىگىم دەپ ھېس
قىلمايمەن. قايغۇ - ئەلەمنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى
ماڭا ھۇجۇم قىلغانىدەك كورىمەن.)

نەئەز زەمانو ئىلەيناۋ ھوزۇۋ بەرەمىن
ئەخەن ھەممىدەن كەرىمەن نەفەى مىھسانا
(زامان يېزگە بىر مۇسىبەت شۇم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى.
ئۇ بولسا، ماختاشقا ئەرزىيدىغان، ۋۇجۇدى ئۇلۇغ، ھەممىگە
ئېھسانلىق بۇرادىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدۇر.)

فەسابەمىن فەرتى ھوزنى ئەبرەتى لۇجەجەن
ۋەلبەسسو يەقدەھو بىلئەھدشائى نىيرانا

ئەۋلاد كۆرۈپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

(قايغۇندىك زىيادىلىكىدىن كوز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى.
كوڭلۇمنىڭ چېچىلىشى قەلبىمگە ئوتلار ياقماقتا.)

ۋەقولتو ئەندۇبۇھۇ ۋەننەفسۇ ھاتىفەتۇن
ۋەلەم ئۇتىق لىلئەسەل ھەتتانى كىتمانا

(مەن ئاڭا يىغلىغان، جېنىمۇ ھازىدىن ئاۋاز چىقارغان ۋە
ئېقىپ كېلىۋاتقان قايغۇنى يوشۇرۇشقا قۇدرەت تاپالمىغان ھالدا.
ئۈزلۈكسىز شۇنداق خىتاپ قىلدىم:

ئەبدەلكەرىيمى لەقەد ئەسبەھتەفى رەۋھىن
مىن رەھمەتىن سەكەبەت دەۋھەن ۋە رەيھانا

(ئەي ئابدۇكېرىم! جەزمەن سەن كەڭرى رەھمەت ئىچىدە
بولدۇڭ. ئۇ رەھمەت ساڭا شاتلىق ۋە خۇشپۇراقلىقنى توكۇپ تۇرماقتا.)

قەد كونتە ئەجمەلە فىتيانىن ۋە ئەنجە بەھۇم
زەيىيەۋ ۋەددىينەن ۋە تەرقىيمەن ۋە تىبيانا

(سەن يىگىتلەرنىڭ گۈزەلرەگى ۋە چىرايلىقراغى ئىدىڭ —
ئۇرۇقىڭدا، دىيانىتىڭدە، يازغۇچىلىقىڭدا، پاساھەتلىك سوزلىشىڭدە...)

ۋەكۇنتەمىن ئەدەبىن جەزلىن ۋە تەبسىرەتىن
لئەئىبو نىسل فەزلى ۋەل ئەھبابى ئىنسانا

(سەن ئەدىپلىكتە، ئىلىمدە ئوتكۈر ۋە ئەقىللىق بولغانلىقىڭ
ئۈچۈن، بۇرادەرلەر كوزلىرىنىڭ قارچۇغى ئىدىڭ.)

ۋەليەۋمە فارەقتەنا سەبقەن ۋە ئەمقولۇنا
يۇنزىلنە ئىسرىكە يەئلولەن ۋە مەرجانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(بۈگۈن بىزدىن ۋاقتىسىز جۇدا بولدۇڭ. كۆزلىرىمىز سېنى
ئۇچۇن مەرۋايىت ۋە مارجان دانىلىرىدەك ياش ھەم قانلارنى تۆكمەكتە.)

ۋە ئەسبەھەت ئەنجۇمۇل ئادابى سائىھەتەن
كەسەخرەتىن فى دۇجەل ھومومى ئۇمييانا.
(ئىلىم يۇلتۇزلىرى پاتتى. بۇ يۇلتۇزلار غەم قايغۇلارنىڭ
قاراڭغۇ تۈنىدە قورام تاشقا ئوخشاش كور زۇلمەتكە ئايلاندى.)

لازىلتە فى مەبسەتىل جەننەتى مۇنبەستەن
بىكەۋ سەرىن مىن نەئىمىللاھى رەييانا
(ھەمىشە كەڭرى جەننەتلەردە ئاللانىڭ ئىمەر ۋە شىرىن
شەرۋەتلىرى بىلەن سىراپ يايراپ ياشىغايسەن.)

لەقەد رەساھول مۇجەللى ھائىرىن ئاسىفەن
بىزدىل قەسىدەتى مەۋۋارىن ۋەھەنىنانا.
(تەجەللى - مۇجەللى بۇ قىبرىڭىزدىشىغا مۇشۇ ئالى قەسىدىسى
بىلەن ھەيرەتتە قالغان، قايغۇرغان ۋە يىغلىغان ھالدا تەزىيە -
مەرسىيە يازدى.)

شائىرنىڭ مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى

يارەۋزە تەلھوسنى ۋەلھوسنا ۋە يائەلەمەل —
ھۇدا ۋەنىساره ھەققىن ئەييە مىن سارى
(ئەي گۈزەل چىراي ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ بېغى، ئەي
ھىدايەتنىڭ بايرىغى ۋە ئەي ھەقىقەتكە كامىل ياردەم بەرگۈچى.)

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نەسەر تەنسي هيە. لاخىللون يۇسا ئىدونى
ۋەلا هۇزامي ۋەلا سەكبي بى ئىهزارى

(ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىر دوست يوق، دۈشمەنلە رىمدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قورالىم ۋە ئىتىممۇ يوق هالدا ماڭا ياردەم بەردىڭ.)

ئەلا شەياتىينى ئىنسىن جۇھەلىن هوسۇد
ئۇمىين مەناكىيدە كەييادىينە ئەشرارى

(ئىنسان ئىچىدىن چىققان جاھىل، چىدىماس، دىلى كور، شۇم نەپەس، ھىلىگەر، يامان، شەيتانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ياردەم بەردىڭ.)

لەھاھۇمۇللاھو مائەغبا ۋەئەجەلەھۇم
مائىن يۇئەييىرۇھۇم تەشبىھۇ ئەئىيارى

(ئاللا تائالا ئۇلارغا لەنەت ئوقۇسۇن! ئۇلار ئەجەپمۇ گالۋاڭ، ئەجەپمۇ جاھىل، ئۇلارنى ئىشەككە ئوخشىتىش — ئۇلار ئۈچۈن ئانچە نومۇس ئەمەس.)

قەۋمۇن تۇقالۇ ئەلەلغەبرائى قەد ھەمەلەت
زوھورۇھۇم دەبەرەن مىن ھەملى ئەسفارى

(ئۇلارنىڭ يەرگە يۈك بولۇشتىن باشقا پايدىسى يوق. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىرى كىتاپ تومىلىرىنى كوتىرىش بىلەن يېغىر بولۇپ كەتكەن.)

ئىزقامە زالدكە فىرئەۋنەن يۈھىيجۈھۇم
ئەلا ئىنادىي ۋە تەشنىئىي ۋە ئىنكارى
(ئۇلارنىڭ باشلىغى پىرئەۋىن سۈپەت بولغان ھالدا ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئۇلارنى ماڭا قارشى تۇرۇشقا ۋە مېنى تىللاشقا، ئىنكار
قىلىشقا قوزغىدى.)

فەكانە كۈللۈ جەھۇلىن مىن جەھالەتىھى
ئەباجۇ فالىن بىسەنىيابىن ۋە ئەزفارى
(شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر جاھىل ئەبلەھلەر — ئۆزىنىڭ
جاھالىتىدىن، مەگەن ۋە تىرناقلىرى بىلەن توكە قۇشى بولۇپ
ماڭا ئېتىلدى.)

ۋە رەئيەتىي ئەۋ قەئەتھۇم فىز زەجىيجى كەما
يەستەنبىھوبىنە بەقىيئىن مەنزەرۇسسارى
(مېنىڭ تەلەتىمنى كورمەك، بۇ جاھىللارنى بىئارامىلىققا
سالدى — مۇساپىر مېھمانىنىڭ تەلەتى ئىتنى ئاۋاتقاندەك.)

فەقەد ئەزەتنىي ئىلا سۈئىن جەھالە تۇھۇم
ۋەللاھۇ يەئلەمۇ ئىسىراردىي ۋە ئەسراردىي
(ئۇلارنىڭ جاھالىتى مېنى ئۇلارغا يامان قىلىپ كورسەتتى.
ئاللا مېنىڭ مەخپى ئىشلىرىمنى بىلىدۇ. يەنى، مەن ئەيىپتىن پاك.)

ھەتتا ۋە كىلتو ۋە كەللەت شەمىمە بارىقەتىي
ۋەددەمتو بىننەھەبى خەرخارۇن بىجەرجارى



www.uyghurkitap.com
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

(ھەتتاكى مەن ئاجىز كەلدىم، بۇ جايدا تىلچىسى ئۆتمەس
بولۇپ قالدىم، ئاۋازلىق يىغلاش بىلەن ياشلىرىم سۇ ئاققاندەك ئاقتى.)

لاغەرۋە فەددۇررۇ سەخخۇسسەخرى يەھسۇمۇھو
ۋەلھەيزە بۇسسەلبۇ رەززاھۇ لىدەخدارى
(بۇنىڭدا ھېچ ئەجەپلىنىش يوق، گوھەرنى قورام تاش
ئېزىۋەتمىدۇ ئەمەسمۇ؟ تۆمۈر ئالتۇننى سۇندۇرمىدۇ ئەمەسمۇ؟)

فەسەھتو ھەل مىن كەرىيمىن مۇنجىدىن نەجىدىن
فەئەننە كۇننتە ئىلەر راھمانى ئەنسارىي
(شۇ ھالدا مەن «ماڭا ياخشىلىق قىلىپ ياردەم قىلىدىغان
بۇرادەر بارمۇ؟» دەپ پەريات قىلدىم. سەن دەرھال ئاللاننىڭ
رىزالىقىنى ئىزلەپ ماڭا نۇسرەت بەردىڭ.)

ئەقەمتە بىتتە ئىنەتىن نەجلائى مائىلە ھۇم،
ھەتتا ئىزا مالەئەن تەئىنىي ۋە ئىزراري
(ئۆتكۈر نەيزەڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىڭغىرىنى تۈزلىدىڭ، شۇ
ھالدا ئۇلار ماڭا تەنە ۋە زىيانكەشلىك قىلمىشتىن توختىدى)

فەئەسبە ھۇفى دۇجاخىز يىن بىزەۋ بەرىھىم
فەليەۋ مەيەۋمىي ئەلەيھىم يەۋمۇزى قارى
(ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۋالىق زۇلمىتى ئىچىدە
مەغلۇپ بولدى. مېنىڭ كۈنۈم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە زەپەر كۈنى بولدى.)

لەۋلا ھىماكە ئەنىن نەكبائى يە ئىسمۇنتىي
لەئەغرەقەت قارى فىيفىي لۇججى ئەختارى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

(ئەگەر سېنىڭ ھىمايەڭ مېنى بۇ قاتتىق بوراندىن ساقلى-
مىغان بولسا، مېنىڭ بارلىقىم خەتەر دېڭىزىنىڭ قايىنىمىدا غەرق
بولغان بولاتتى)

لەئەشكۇرەننەك تۇلەلئۇمرى مۇئتەمىرەن
ۋەلىيەشكۇرەننەكە ئەزمىي بەئدە ئىقبارىي
(ئەلۋەتتە، ساڭا ئۆمرۈم بويى تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىق
بىلدۈرىمەن. مەن قەۋرىدە قويۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇستىخان-
لىرىممۇ ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرسۇن.)

ۋەلەم ئەدۇن قەبلو فىي بەدۇن ۋەلا ھەزەرىن
ئىللا ۋەمەدھۇك تەزكارىي ۋە تەكرارىي
(مەن يېزىدا ياكى شەھەردە بولماي، سېنىڭ مەدھىيەڭ مې-
نىڭ داۋاملىق ئەسلەيدىغان ۋە تەكرالايدىغان نەرسەم بولۇپ كەلمەكتە).

ئەجەل فەئىسسىل مۇجەللى فىي ھەۋاكەۋەمىن
ئەقرانى زەھرىكە فىي سىررى ۋە ئىزھارى
(ئارى شۇنداق. چۈنكى، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدە بىرىن-
چىمەن. مەخپىي ھەم ئاشكارا ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە ساڭا
يار بولىدىغان ھەمتەڭ بۇرادىگىمەن)

ئەقەررەكەللاھۇ فىي دارىل ئۇلائى ھۇدەن
ۋەدارە زىكرۇكە فىيد دونياكە ئەشئارىي
(سېنى ئاللا كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش بىلەن ئالى
مەرتىۋىلىك قىلسۇن، سېنىڭ ياخشى نامىڭ دۇنيادا مېنىڭ شېئىر-



ئەۋلاد گورزىپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە فوتولارنىڭ ئامبىرى

رىسىغا ئوخشاش دەۋر قىلسۇن.)

ماقەررە تىل ئەرزۇ مەقسەدىنلىل خەلىقىمتى ۋەل —
ئەفلاكۇ جائەت بىشەدۋارىن فەئەدۋارى
(يەر مەخلۇقلارنىڭ ماكانى بولۇپ تۇرغان ۋە پەلەكلەر دەۋرلەردىن دەۋرلەرنى كەلتۈرۈپ تۇرغان مۇددەتنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بولسۇن.)

× × ×

ئەلا ئىننە لەززاتىد دۇنيا لەزاۋائىلۇ
ۋە ئىن جالە دەھرەن بىلمە سەرراتى جائىلۇ.
(ئاگاھ بولغىنكى، دۇنيانىڭ خۇشلۇقلىرى كىشىگە ئەبەدى قۇۋۋاتلايدۇ، بەلكى يوقىلىپ تۇرىدۇ. بىر كىشى ئۇزۇن مۇددەت خۇشلۇق ئىچىدە ياشىسىمۇ، ھامان بىر كۈن يوقىلىش باردۇر.)

قۇسارى سەھابىل ئەيشى سائىقە تۇر رەدا
ۋە غايەتۇ جەدۋاھۇد دۇمۇ ئۇسەۋۋائىلۇ
(ھايات بۇلۇتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى — ئۇلۇمنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئايىدۇر ۋە بۇ بۇلۇتنىڭ ئاقىۋەتتىكى يامغۇرى — كۆزلەردىن ياش ئاققۇزماقتۇر.)

فەلەۋ ئاشە مەرئۇن ئۇمرە شىيسىن ۋە ئادەمىن
ۋە نۇھىن ۋە لوقمانىن فەمەل خۇلدۇ ھاسىلۇ.
(ئەگەر بىر كىشى شىس ئەلەيھىسسالامدەك، ئادەم ئەلەيھىسسالامدەك، نوھ، لوقمان ئەلەيھىسسالاملاردەك مىڭ يىل ياشىسىمۇ، ئەبەدى ياشىشى مۇمكىن ئەمەس.

سەتەفنىل قورۇنۇل ئاخىروتە بىئەسىرىھىم
